ئالتە يىللىق باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 1- يىللىقى ئۈچۈن دەرسلىك

# ئېلىپبە



شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ بىرىنچى يىللىقلىرى ئۈچۈن

# ئېلىپبە


تۈزگۈچى: ئابدۇسالام توختى

تەھرىرى: ئاقۇپ قېيۇم

خەتتات: ئادىلجان ئايت





شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

# ئوقۇشقا كىرىش تەربىيىسى



دۆلەت بايرىقى



# مۇندەرىجە

1. ئوقۇشقا كىرىش تەربىيىسى ...... 1
2. قول كۆندۈرۈش مەشىقى ...... 20
3. سوزۇق تاۋۇش ھەرپلىرى ...... 23
4. ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپلىرى ...... 34
5. ئېلىپبە ناخشىسى ...... 68
. ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ تەرتىپى ...... 68
7. ھەرپ، بوغۇم ۋە سۆز ...... 70
8. تېكىستلەر ...... 73



دۆلەت بەلگىسى






خوش كېلىپسىزلەر، بالىلار !

# مەن مەكتەپكە كىردىم








ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى

# ئوقۇش قوراللىرى




بالىلار، ئوقۇش قوراللىرىڭلارنى ئاسراڭلار،
پاكىز، رەتلىك تۇتۇڭلار!






بىزنىڭ سىنىپ پاكىز، ئازادە ۋە يورۇق.



مۇئەللىمنىڭ دەرسىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايمىز.



سالام!

ـا ـا ـا ـا ـا ـا ـا ا ا ا ا ا







مەكتەپ ھاياتى بەك كۆڭۈللۈك.

ء ء ء ء ء ء ء ء ء





بىز تازىلىقنى سۆيىمىز.



مەكتەپتىن قايتقاندىن كېيىن























رەتلىك ، يىغىنچاق بولۇڭلار!





































ر ر ر ع ع ع ں ل ں







ح ح ح ح ح ه ه ه ه ه

# قول كۆندۈرۈش مەشقى







# ئا

سوزۇق تاۋۇشلار

ئا ئا ا ـا ـئا













كۆنۈكمە. يۇقىرىدىكى نىمىلەرنىڭ رەسىمى؟ كىم ئېيتىپ باقىدۇ؟
تۆۋەندىكى ئۈلگە بويىچە «ئا»، ھەرىپىنىڭ ھەرخىل شەكىل-
لىرىنى يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

ئا ا ـا ـئا ئا ا ـا ـئا

## ئە ئە ە ـە ـئە









كۆنۈكمە. بەت ئاستىدىكى گرافىكدا بېرىلگەن ئۆلگىلەر بو-
يىچە «ئە»، ھەرپىنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنى يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

ئە ئە ە ە ە ـە ـە ـە ـئە ـئە ـئە



## ئې ئې ې ئېـ ېـ ـېـ ـئېـ ې ـئې







كۆنۈكمە، يۇقىرىدىكى ئېمىلەرنىڭ رەسىمى ئىكەنلىكىنى
ئېيتىپ بېرىڭلار.

ئې ې ئېـ ېـ ېـ ـئېـ ې ـئې

ئى ئى ى ئـ ـ ـ ـئـ ى ـئى




2



كۆنۈكمە. گرافىكىدا بېرىلگەن ئۈلگە بويىچە «ئې، ئى»
ھەرپلىرىنىڭ شەكىللىرىنى يېزىشنى قايتا-قايتا
مەشىق قىلىڭلار.

ئى ى ئـ ـ ـئـ ـى ـئى



ئو ئو و ـو ـئو






10

كۆنۈكمە. «ئو» ھەرپىنى گرافىكىدىكى ئۈلگە بويىچە
چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

ئو و ـو ـئو ئو و ـو ـئو

ئۇ ئۇ ۇ ـۇ ئۇ







كۆنۈكمە. «ئو» ۋە «ئۇ» ھەرپلىرىنى گرافىكىدىكى ئۆلگىگە ئاساسەن يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

ئو و ـو ئو ئۇ ۇ ـۇ ئۇ



ئۆ ئۆ ۆ ـۆ ئۆ









كۆنۈكمە. «ئۆ» ھەرپىنى توغرا ئوقۇشنى ۋە چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

ئۆ ۆ ـۆ ئۆ ئۆ ۆ ـۆ ئۆ

ئۈ

ئۈ ۈ ـۈ ئـۈ

3







كۆنۈكمە. «ئۆ»،«ئۈ»، ھەرپلىرىنى پەرقلەندۈرۈپ توغرا ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.

ئۆ ۆ ـۆ ئـۆ ئۈ ۈ ـۈ ئـۈ



# 1-ئاساسىي مەشىق

1-كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى سوزۇق تاۋۇش ھەرپلىرىنى توغرا ئوقۇش ۋە يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

ئا ا ـا ئـا    ئە ە ـە ئـە

ئې ې ئـې ـې    ـې ئـې ې ئې

ئى ى ئـ ـ    ـ ئـ ى ئى

ئو و ـو ئـو    ئۇ ۇ ـۇ ئـۇ

ئۆ ۆ ـۆ ئـۆ    ئۈ ۈ ـۈ ئـۈ

2-كۆنۈكمە. «ئا»،«ئە» ھەرپلىرىنى توغرا ئوقۇشنى ۋە ئۇلارنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنى پەرقلەندۈرۈپ، توغرا، چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

3-كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى رەسىملەرگە قاراپ، ئۇلارنىڭ نىمىلەرنىڭ رەسىمى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇ رەسىملەردە «ئا»،«ئە» ھەرپلىرىنىڭ قەيەردە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.





4 ـ كۆنۈكمە. «ئـ»، «ئې» ھەرپلىرىنى توغراتەلەپپۇزبىلەن ئو-
قۇشنى ۋە ئۇلارنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنى پەرقلەنـدۈرۈپ، توغرا
چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

5 ـ كۆنۈكمە. «ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ»، ھەرپلىرىنى پەرقلەندۈرۈپ، توغ
راتەلەپپۇزبىلەن ئوقۇشنى ۋە ئۇلارنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنى
پەرقلەندۈرۈپ، توغرا، چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.







6 ـ كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى رەسىملەرگە قاراپ، ئۇلارنىڭ نامىنى
ئېيتىپ بېقىڭلار.









ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپلىرى

# ن ن نـ ـن





نـ+ـا=نا نـ+ـە=نە

نان
ئون
ئۆن



ئا+نا=ئانا
ئە+نە=ئەنە

ئانا، ئەنە نان.

كۆنۈكمە. «ن»،ھەرپىنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنى ئوقۇشنى ۋە توغرا يېزىشنى مەشق قىلىڭلار.

ئون نان، ئۆن، ئۆن



# ت ت تـ ـتـ ـت





تـ+ـا=تا تـ+ـە=تە

ئات
ئوت
ئۆت
تات



ئا+تا=ئاتا
ئە+تە=ئەتە
ئو+تۇن=ئوتۇن
تا+نا=تانا

ئاتـ+تـ+ـا=ئاتتا ئوتـ+ـتىن=ئوتتىن

كۆنۈكمە. «ت»، ھەرپىنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنى يېزىشنى ۋە ئوقۇشنى مەشق قىلىڭلار.

ئاتا، ئوت ئوتا.

# س

س سـ ـسـ ـس



ن

ت



سـ+ا=سا      سـ+ە=سە

| | | |
|---|---|---|
| سان | سا-ئەت | ئاستا |
| سەن | ئا-سان | ئۇستا |
| سۈت | سا-نا | ئەسئەت |

ئەسئەت سۈتۈتتى.

كۆنۈكمە. «س» ھەرپىنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنى ئۆلگىگە ئاساسەن توغرا يېزىشنى مەشق قىلىڭلار.

نسا سۈت ساتتى.



# ش

ش شـ ـشـ ـش



ن

ت

س



شـ+ا=شا      شـ+و=شو

ئاش

تاش

تەش



شو-تا

ئىش-تان

تو-شۇ

ئەسئەت ئوتۇن توشۇسۇن، سەن ئاش ئەت.

كۆنۈكمە. يۇقىرىقى ئىككى جۈملە سۆزنى ئوقۇشنى مەشق قىلىڭلار.

ئۇ ئاش ئەتتى.

# 2-ئاساسىي مەشىق





1 -كۆنۈكمە، (1) «ن ،ت» ھەرپلىرىنىڭ شەكىل جەھەتتىن قانداق ئوخـ
ـشـاشلىقى ۋە پەرقى بارلىقىنى بىلىۋېلىڭلار ۋە ئۇلارنىڭ ھەرخىل شە
كىللىرىنى چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

(2) «س ،ش» ھەرپلىرىنىڭ ئوخشاشلىقى ۋە پەرقى نېمىدە ؟
ئېيتىپ بېقىڭلار. بۇ ھەرپلەرنى چىرايلىق يېزىش ۋە توغرا تەلەپپۇز
بىلەن ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.

(3) ئۆزەڭلار رئويلىنىپ، «ن ، ت ، س ،ش » ھەرپلىرىنىڭ ھەر
بىرىگە بىردىن سۆز تۈزۈپ بېقىڭلار.



2 -كۆنۈكمە، «ن ، ت ، س ، ش» ھەرپلىرىنى تۆۋەندىكى ئۈلگە
بويىچە يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

| | | | |
|---|---|---|---|
| ن | ئون ، ئۇن ، ئۈن | س | ئاس ، تەس ، سۇس |
| نـ | نان ، تانا ، ئانا | سـ | سان ، سانا ، سائەت |
| ـنـ | ناننى ، ئاشنى ، ئاتنى | ـسـ | ئىسسىت ، ئىسسىش |
| ـن | ئاشتىن ، ئىشتىن | ـس | ئىس |
| ت | ئات ، تات ، ئەت | ش | ئاش ، ئەش ، تەش |
| تـ | ئاشتا ، ئاتا ، ئاتتا | شـ | ناشتا ، ئاشتا |
| ـتـ | ئوتتا ، ئوتتىن ، ئىشتىن | ـشـ | ئىشتا ، ئىشتان |
| ـت | ئىت | ـش | ئىش |

3 -كۆنۈكمە، تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئوقۇپ چىقىڭلار، ئاندىن
كېيىن دەپتىرىڭلارغا چىرايلىق كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

ئاتا، ئانا، نان، ئاش، تاش، ئاس، ئاسان، ئاستا، ئۇستا،
ئاتتا، ئاشتا، تاشتىن، ئۈن، سۈت، تۈت.

# م مـ ـمـ ـم

م مـ ـمـ ـم

ن
ت
س
ش





مـ+ا=ما

مـ+ۆ=مۆ

| | | |
|---|---|---|
| مەن | مو-ما | مامۇت |
| شام | ئا-مان | ئامۇت |
| تام | ما-نا | مانتا |
| مەش | سا-مان | ماشىنا |

مومام مانتا ئەتتى. مەسۇم، مانا ئامۇت.

كۆنۈكمە. «م»، ھەرپىنى ئۈلگىگە ئاساسەن چىرايلىق، توغرا يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

مامۇت، مانا ماشىنا.



# ل لـ ـلـ ـل

ل لـ ـلـ ـل

ن
ت
س
ش
م





لـ+ا=لا

لـ+ې=لې

| | | |
|---|---|---|
| ئال | ئال-ما | لېنىن |
| مال | ئى-لىم | ئالىم |
| شال | تا-لا | ئەلا |
| تىل | سال-ما | ئېلان |

ئالىم، ئالما ئال.

كۆنۈكمە. «ل» ھەرپىنى ئۈلگىگە ئاساسەن يېزىشنى ۋە ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.

لېنىن، ئالىم، ئەلا.

## ب ب ب ب ب

ن ت س ش م ل





بـ + ا = با　　بـ + ـێـ = بێـ

| | | |
|---|---|---|
| باش | بوس-**تان** | بېلەت |
| بەش | بۆل-**بۇل** | بىلىم |
| بوش | بۇ-**لۇت** | شىلىم |
| بۆل | سا-**بت** | بومبا |

بوستان، مانا بەش بېلەت.

كۆنۈكمە. «ب» ھەرپىنى ۋە يۇقىرىدىكى سۆزلەرنى ئۈلگىگە ئاساسەن يېزىشنى مەشق قىلىڭلار.

بىلىم، بۇلبۇل، باست



## پ پ پ پ پ

ن ت س ش　　م ل ب





پـ + ا = پا　　پـ + ـێـ = پێـ

| | | |
|---|---|---|
| پۇل | پال-**تا** | سىنىپ |
| پىل | پو-**لات** | پاشا |
| پەن | لام-**پا** | شاپتۇل |
| توپ | پا-**تەم** | پۈتۈن |

پاتەم، مانا ئېلىپبە.

كۆنۈكمە. «پ» ھەرپىنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنى ۋە يۇقىرىدىكى سۆزلەرنى يېزىشنى مەشق قىلىڭلار.

پاتەم، لامپا، سىنىپ، ساپان



# 3-ئاساسىي مەشىق

1-كۆنۈكمە. «سامان، ئامان، ماشىنا» دېگەن سۆزلەرنىڭ نەچچە ھەرپتىن ۋە نەچچە بوغۇمدىن تۈزۈلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېقىڭلار ۋە ئۇ سۆزلەرنىڭ ھەربىرىنى 2 قۇردىن قىلىپ، چىرايلىق كۆچۈرۈپ چىقىڭلار.

2-كۆنۈكمە. (1) «ب»، بىلەن «پ» ھەرپى قانداق پەرقلىنىدىغانلىقىنى كىم ئېيتىپ باقىدۇ؟

(2) تەركىبىدە «ب» ھەرپى بولغان سۆزلەردىن 4 نى ۋە «پ» ھەرپى بولغان سۆزلەردىن 3 نى يېزىپ كېلىڭلار.







(3) يۇقىرىدىكى سۈرەتكە قاراپ، ئۇ نىمىلەرنىڭ رەسىمى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

3-كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى ھەرپلەرنى پۇختا مەشىق قىلىپ، ئۇ ھەرپلەرنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنى مۇۋاپىق قوللىنىشنى ئۆگىنىۋېلىڭلار.

| | | | |
|---|---|---|---|
| م | ئاتام، ئانام | ـل | ئېسىل، پەسىل |
| مـ | مانا، مەش | بـ | باش، بالا، بوستان |
| ـمـ | ئالما، سالما | ـبـ | ئېلىپبە، بۇلبۇل |
| ـم | ئالىم، ئىنىم | پـ | پاتەم، پەلتو |
| ل | كەل، ئال، سال | ـپـ | لامپا، لەمپە |
| لـ | لېنىن، لېتىپ | ـپ | سىنىپ |
| ـلـ | ئېلىم، ئىلىم | پ | ئاپتاپ |

ر ر ر

ن ت س ش





م ل ب پ

ر+ا=را    ر+ە=رە

| | | |
|---|---|---|
| بىر | ئا-را | ئانار |
| راست | رە-سىم | ناسىر |
| شار | رە-نا | راملە |
| بور | ئو-را | روشەن |

ناسىر، رەسىم سىز. رەنا، نان راسلا.

كۆنۈكمە. «ر» ھەرپىنى ئۆلگىگە ئاساسەن چىرايلىق يې-
زىشنى مەشىق قىلىڭلار.

سابىر رەسىم سىزىپتۇ.



ز ز ز

ن ت س ش م





ل ب پ ر

ز+ە=زە    ز+و=زو

| | | |
|---|---|---|
| زور | ئا-زات | ئەزىز |
| زال | زا-مان | ئۈزۈم |
| ئاز | زۇم-رەت | تۈزۈم |
| سۆز | تۈز-سىز | تومۇز |

مانا تۇرپان ئۈزۈمى. زۇمرەت، ئۈزۈم ئال.

كۆنۈكمە. يۇقىرىقى سۆز، جۈملىلەرنى ئوقۇشنى ۋە يې-
زىشنى مەشىق قىلىڭلار.

تۇرپان ئۈزۈمى زەپمۇ شىرىن.

د د ـد

ن ت س ش م



د+ۇ=دۇ



د+و=دو

ل ب پ ر ز

| | | |
|---|---|---|
| پ، س، ن، دا — دا | دۇ ـ تار | سادىر |
| | دو ـ را | دىلبەر |
| | دوپ ـ پا | دوستۇم |
| | دەپ ـ تەر | باردى |

سادىر دۇتار ئالدى. دىلبەر دەپتەر ئالدى.

كۆنۈكمە. يۇقىرىدىكى سۆز، جۈملىلەرنى توغرا ئوقۇشنى ۋە چىرايلىق يېزىشنى مەشق قىلىڭلار.

مۇئەللىم دەرس سۆزلىدى.



# 4-ئاساسىي مەشق

1-كۆنۈكمە. (1) «ر، ز، د» ھەرپلىرىنى سېلىشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قانداق پەرقلىرى بارلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

(2) تەركىبىدە «ر، ز، د» ھەرپلىرى بولغان 6 سۆز تۈزۈپ، دەپتىرىڭلارغا يېزىڭلار.

2-كۆنۈكمە. تۆۋەندىكىلەر نېمىلەرنىڭ رەسمى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېقىڭلار ۋە ئۇلارنىڭ قايسىلىرىدا «ر، ز، د» ھەرپلىرى بارلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.













# ي

ي يـ ـيـ ـي

ن ت س ش م ل

ب پ ر ز د





يـ+ـا=يا

يـ+ـۇ=يۇ

| | | |
|---|---|---|
| يول | ئاي-شەم | يۇسۇپ |
| يەل | ماي-سەم | يەتمش |
| ئاي | يا-سن | يۇلتۇز |
| ياش | يول-داش | ياشا |

دادام ئۆي ياسدى، مەن ياردەملەشتم.

كۆنۈكمە. يۇقرىدىكى ئككى جۈملنى كۆچۈرۈپ، چر-رايلق، توغرا يېزىشنى مەشق قىلىڭلار.

ياسن يول ياسدى.



# ف

ف فـ ـفـ ـف

ن ت س ش م ل

ب پ ر ز د ي





فـ+ـو=فو

فـ+ـ=فـ

| | | |
|---|---|---|
| ئۆف | فون-تان | تېلېفون |
| تۆف | فـ-لم | فايۇەن |

ئەنە فونتان، مانا تېلېفون.

كۆنۈكمە. يۇقرىدىكى سۆز، جۈملىلەرنى توغرا ئوقۇشنى مەشق قىلىڭلار.

دادام فايۇەندە ئىشلەيدۇ.

ق ق قـ ـقـ ـق



ي
ف



قـ+ـا=قا

قـ+و=قو

قا: ر، ش، ق، ل

قو: ي، ش، ل، پ

| | | |
|---|---|---|
| قەش - ـقەر | قوشاق |
| قاي - ـماق | قوشقار |
| توش - ـقان | ئاشلىق |
| قى - ـزىل | قاسىم |

# يالقۇن تىرىشىپ ئوقۇيدۇ.

كۆنۈكمە. يۇقىرىقى بىرجۈملە سۆزنى مەشىق قىلىپ يېزىڭلار.

ئانا تۇپراق — قەشقەر.





## 5-ئاساسىي مەشىق

1-كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئوقۇغۇلار ۋەكۆچۈرۈپ يې-زىڭلار. بۇسۆزلەردە «ي، ف، ق» ھەرپلىرىنىڭ ھەرخىل شەكىل-لىرىنىڭ قانداق يېزىلىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىڭلار ۋە ئۇلارنى چىرايلىق كۆ-چۈرۈپ يېزىڭلار.

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ي | ئاي، باي | ف | ئۇف، تۇف | ق | بايراق |
| يـ | يەر، يول | فـ | فونتان | قـ | قىز، قىزىل |
| ـيـ | ئىلياس | ـفـ | تېلېفون | ـقـ | بولقا |
| ـي | ئىلمىي | | | ـق | بېلىق |

2-كۆنۈكمە. تەركىبىدە «ي، ف، ق» ھەرپلىرى بولغان سۆز-لەردىن 6 نى يېزىپ بېقىڭلار.

# ك ك ڪ ڪ ك



ي
ف
ق



ك + ا، ە، ې، ى

ك + و، ۇ، ۆ، ۈ

| | | |
|---|---|---|
| كەل | ئىك ـ كى | كۆمۈر |
| كەت | كەت ـ مەن | كۆتەك |
| سۆك | مەك ـ تەپ | تۈلكە |
| كۆز | كەك ـ لىك | كەپتەر |

**كامال كەكلىك باقتى.**

كۆنۈكمە. يۇقىرىدىكى سۆز ۋە جۈملىلەرنى پىششىق ئوقۇش، يېزىشنى مەشىق قىلدۇرۇڭلار.

**ئەركىن كىتاب ئوقۇدى.**



# گ گ گ گ گ



ي
ف
ق
ك



گ + ۈ = گۈ

گ + ى = گى

| | | |
|---|---|---|
| گۈل | گى ـ لەم | ئۈلگە |
| گەپ | گې ـ زىت | گۈلشەن |
| گۆش | لەگ ـ لەك | گۈزەل |
| گال | ئەم ـ گەك | سەگەك |

**ئۆگىنىش، ئۆگىنىش، يەنە ئۆگىنىش كېرەك.**

كۆنۈكمە. بېرىلگەن سۆز، جۈملىلەرنى ئوقۇشنى ۋە يېزىشنى مەشىق قىلدۇرۇڭلار.

**بىز ئەمگەكنى سۆيىمىز.**

ڭ ـڭ ـڭـ ڭـ



ئو+ڭ=ئوڭ

ي
ف
ق
ك
گ



ئە+ڭ=ئەڭ

ئو
كە
ڭ
تو
تە

ياڭ - يۇ
يىڭ - نە
سىڭ - لىڭ
يې - ڭى

ياڭاق
يالاڭ
ساڭزا
بولۇڭ

بىزنىڭ ئوقۇشىمىز كۆڭۈللۈك، ئىلىمىزنىڭ زېمىنى كەڭ.

ئالىم بولساڭ، ئالەم سېنىڭ.

كۆنۈكمە. «ڭ» ھەرپىنى چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

قەشقەردە ياڭاق كۆپ.





## 6-ئاساسىي مەشىق

كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى چىرايلىق كۆچۈرۈپ يېزىڭلار. ئۇنىڭدىكى «ك، گ، ڭ» ھەرپلىرىنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنىڭ سۆزلەردە قانداق قوللىنىلغانلىقىنى بىلىۋېلىڭلار ۋە ھەربىر ھەرپ ئۈچۈن 2 دىن سۆز يېزىپ كېلىڭلار.

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ك | كۆك، بۆك | گ | بەگ، تەگ | ڭ | كەڭ، يەڭ |
| كـ | كۆپ، كۆل | گـ | گېزىت، گىلەم | ڭـ | ياڭاق، ماڭا |
| ـكـ | ئىككى، سەككىز | ـگـ | ئۆلگە، گۈلگە | ـڭـ | سىڭلىڭ |
| ـك | تىرىك، ئىلىك | ـگ | بىلىگ | ـڭ | كېلىڭ |

# غ

غ غـ ـغـ ـغ

ي ف ق





ك گ ڭ

غ+ا=غا　　غ+ـ=غـ

| | | |
|---|---|---|
| تاغ | تۇر-غان | قەغەز |
| باغ | غاپ-پار | ئىغىز |
| غول | يۇل-غۇن | يامغۇر |
| سوغ | غو-زا | قورغاق |

يامغۇرياغدى. تاغلارياپيېشىل ياشىرىپ كەتتى.

كۆنۈكمە. «غ» ھەرپىنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنى توغرا قوللىنىشنى مەشق قىلىڭلار.

باغدا بۇلبۇللار سايرىدى.



# ھ

ھ ھـ ـھـ

ي ف ق ك





گ ڭ غ

ھ+ا=ھا　　ھە+ە=ھە

| | | |
|---|---|---|
| ھاڭ | ھە-رە | ھەرىكەت |
| ھەق | ھا-شىم | مېھنەت |
| ھېيت | ھې-ساب | مېھمان |
| ھۆل | ھۇ-رۇن | باھار |

باھاركەلدى ،ھەممە يەرگۈللەرگە پۈركەندى.

كۆنۈكمە. يۇقىرىقى جۈملىلەرنى بىرقەدەرتېز ئوقۇشنى ۋە چىرايلىق يېزىشنى مەشق قىلىڭلار.

ھەسەن ھەقىقەتنى سۆزلەيدۇ.



## 7ـئاساسىي مەشق

كۆنۈكمە. (1) « غ » ۋە « ھ » ھەرپلىرىنىڭ ھەرخىل شەكىللىرى ئۇچرىغان بىردىن سۆز تۈزۈپ كېلىڭلار.

ئۈلگە: تاغ ، قارىغاي ، غاز

ھاشىم ، مېھمان ، پاھ

(2) بۇ نېمە ؟ 

بۇ نېمە ؟ 



ج ج ج ج ج

ي ف ق ك





گ ڭ غ ھ

جـ+ـە=جە      جـ+ـۇ=جۇ

| | | |
|---|---|---|
| جان | جە-رەن | جەملە |
| جاي | جا-مال | مىجىت |
| جۇپ | جى-رىم | جاپپار |
| باج | جۇر-ئەت | غۇلجا |

قەشقەر باغلىرىدا ئەنجۈر، ئانار كۆپ.

كۆنۈكمە. يۇقىرىقى جۈملىنى كۆچۈرۈپ، چىرايلىق يېزىشنى مەشق قىلىڭلار.

بىزنىڭ باغدا ئەنجۈر پىشتى.

# چ چ چ چ چ

ي ف ق ك گ





ڭ غ ھ ج

چ+ا=چا

چ+ە=چە

| | | |
|---|---|---|
| چا: ي ، چ ، ل ، ڭ | چې-لەك | غۇنچەم |
| | چا-نا | چەينەك |
| | پې-چاق | ئاچقۇچ |
| | چۆ-مۈچ | كۈچلۈك |

ئۆچقۇن تىرىشچان بالا، چىمەن ئىشچان قىز.

كۆنۈكمە. يۇقىرىدىكى سۆز، جۈملىلەرنى بىرقەدەر تېز ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.

چولپان چاي ئىچ.



# خ خ خ خ خ

ي ف ق ك گ





ڭ غ ھ ج چ

خ+ې=خې

خ+و=خو

| | | |
|---|---|---|
| خەت | خال-تا | خامان |
| شاخ | پاخ-تا | پاخلان |
| بىخ | خې-لىل | ناخشا |
| خۇش | خې-مىر | خۇشخۇي |

تاڭ ئاتتى، خوراز چىللىدى. بىز خاماندا ئىشلىدۇق.

كۆنۈكمە. ئۆزەڭلار ئويلاپ تەركىبىدە «خ» ھەرپى بولغان سۆزنى ئىشلىتىپ، ئىككى جۈملە تۈزۈپ بېقىڭلار.

بىز بەختلىك بالىلار.

# ژ ژـ ـژ

ي ف ق ك گ ڭ




ژ + ۇ = ژۇ



ژ + ـ = ژـ

غ ھ ج چ خ

| | | |
|---|---|---|
| ژۇرنال | گاژ-گۇژ | پۇرژىنا |
| ژىن | غۇژ-غۇژ | بۇژغۇن |
| غاژ-غۇژ | گىژ-گىژ | پارىژ |

»تارىم غۇنچىلىرى« — بالىلار ژۇرنىلى.

كۆنۈكمە. بىرىلگەن سۆز،جۈملىلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن كۆ- چۈرۈپ، چىرايلىق، توغرا يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

مەن »تارىم غۇنچىلىرى«ژۇرنىلىنى ئوقۇيمەن.



# ۋ ۋ ـۋ

ي ف ق ك گ ڭ



ۋ + ا = ۋا



ۋ + پ = ۋپ

غ ھ ج چ خ ژ

| | | |
|---|---|---|
| ۋا-قىت | تا-ۋۇز | ۋەتەن |
| ۋە-دە | ھال-ۋا | ھاۋا |
| كار-ۋات | ھار-ۋا | چارۋا |
| نا-ۋات | كا-ۋاپ | ۋاھىت |

ۋەتەن بىزنىڭ ئانىمىز. بىز ۋەتەننى سۆيىمىز.

كۆنۈكمە. يۇقىرىدىكى سۆز، جۈملىلەرنى توغرا ئوقۇشنى ۋە چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

بىز ۋەتەن ئۈچۈن ئوقۇيمىز.



# 8-ئاساسىي مەشىق

1-كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى چىرايلىق كۆچۈرۈپ يېزىڭلار ۋە ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن سەپسېلىپ، «ج، چ، خ، ژ، ۋ» ھەرپلىرىنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنىڭ سۆزلەردە قانداق ئۇلىنىپ يېزىلىدىغانلىقىنى ئۆگىنىۋېلىڭلار.

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ج | ئىلاج | ـچـ | خىچىر | ـخ | بىخ |
| جـ | جامال | ـچ | قىلىچ | ژ | ژۇرنال |
| ـجـ | غۇلجا | خ | شاخ | ـژ | غىژ-غىژ |
| چ | چاچ | خـ | خالتا | ۋ | ۋاقىت |
| چـ | چىمەن | ـخـ | ئاشخانا | ـۋ | ئەنۋەر |



2-كۆنۈكمە. تەركىبىدە «ج» ھەرپى كەلگەن سۆزدىن 4 نى، «چ» ھەرپى كەلگەن سۆزدىن 3 نى، «خ» ھەرپى كەلگەن سۆزدىن 2 نى ۋە تەركىبىدە «ۋ، ژ» ھەرپى كەلگەن سۆزدىن بىردىن يېزىپ كېلىڭلار.

3-كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى رەسىملەرگە قاراپ، ئۇلارنىڭ نىمىلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار ۋە دەپتىرىڭلارغا نامىنى يېزىڭلار.











# ئېلىپبە ناخشىسى

مۇزىكىسى: خارىس ئاشىروۋىنىڭ    $1=C\ \frac{4}{4}$

|(–1 2 3|4 5 6 2|– 5 6 7|$\dot{1}$ 5 6 6)

|– $\dot{2}$ $\dot{1}$ 7|6 5 5 2|–5 $\underline{6\ 7}$ $\underline{\dot{1}\ 7}$|6 5 5 2

ئا ئە ب پ ت ج چ خ د ر ز ژ س ش

|–1 2 3|4 5 6 2|6 5 6 7|$\dot{1}$ 5 6 6

غ ف ق ك گ ڭ ل م ن ھ ئو ئۇ ئۆ

‖– – –$\dot{1}$|5 7 6 6

ئۈ ۋ ئې ئى ي

## ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ تەرتىپى

ئا ئە ب پ ت ج چ

خ د ر ز ژ س ش

غ ف ق ك گ ڭ ل

م ن ھ ئو ئۇ ئۆ ئۈ

ۋ ئې ئى ي



# ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى

ئا

د


ئە

ر


ب

ز


پ

ژ


ت

س


ج

ش


چ

غ


خ

ف






ق 

ك 

گ 

ڭ 

ل 

م 

ن 

ھ 

ئو 

ئۇ 

ئۆ 

ئۈ 

ۋ 

ئې 

ئى 

ي 

# ھەرپ، بوغۇم ۋە سۆز

## 1. ھەرپ

تىل تاۋۇشلىرىنى يېزىقتا ئىپادىلىگۈچى بەلگە ھەرپ دېيىلىدۇ.

مەسىلەن: ئا، ئە، ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ، ب، ت، ق، ۋ، س ۋە باشقىلار.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا 32 ھەرپ بار، بۇنىڭ 8 ى سوزۇق تاۋۇش ھەرپى. ئۇلار: ئا، ئە، ئې، ئى، ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ. 24 ى ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپى. ئۇلار: ن، ت، س، ش، م، ل، ب، پ، ر، ز، د، ي، ف، ق، ك، گ، ڭ، غ، ھ، ج، چ، خ، ژ، ۋ.

## 2. بوغۇم

تىلىمىزدىكى سۆزلەرنىڭ بۆلۈنۈپ - بۆلۈنۈپ ئېيتىلغان قىسمى بوغۇم دېيىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ بىر بوغۇمىدا بىرلا سوزۇق تاۋۇش بولىدۇ.

مەسىلەن: مەن، سەن، ئۇ، بىز، سىز، قىز، مەكتەپ، ئاتا، ئانا، ئاكا، ھەدە ۋە باشقىلار.



بوغۇم بىر سوزۇق تاۋۇشتىن ياكى بىر سوزۇق تاۋۇشقا بىر ياكى بىر نەچچە ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلىدۇ.

مەسىلەن: ئۇ، ئا-نا، ئا-تا، دەرس، ھەرپ ۋە باشقىلار.

قۇر ئاخىرىغا كېلىپ قالغان كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ شۇ قۇرغا سىغماي قالغان قىسمى كېيىنكى قۇرغا بوغۇم بويىچە كۆچۈرۈپ يېزىلىدۇ. بۆلۈنگەن بوغۇم ئاخىرىغا سىزىقچە (-) قويۇلىدۇ.

مەسىلەن: ئا- تا- ئوقۇغۇ-
تا، ۋۇش، چى،

## 3. سۆز

بىر مەنىنى بىلدۈرىدىغان ھەرپلەر يىغىندىسى سۆز دېيىلىدۇ.

مەسىلەن: ئات، يول، تاۋۇز، قوغۇن، ئالما، ئانار، مۇئەللىم ۋە باشقىلار.

سۆزلەر بىر بوغۇملۇق ۋە كۆپ بوغۇملۇق بولىدۇ.

مەسىلەن: گۈل، سۈت، ناۋات، ئاتا، ئانا، ۋەتەن، ئوقۇغۇچى، قىزىلتاغ، تەڭرىتاغ.

# 9-ئاساسىي مەشق

1 - كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئوقۇپ چىقىپ، ھەربىر سۆزنىڭ نەچچە ھەرپتىن تۈزۈلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېقىڭلار.

ئالما، ئانار، ئۈزۈم، ئەنۋەر، كۆز، سۆز

2 - كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئوقۇپ چىقىڭلار. ئۇ سۆزلەردىكى ھەربىر بوغۇمنىڭ نەچچە ئۈزۈك تاۋۇش ۋە سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېقىڭلار.

كۆۋرۈك، باش، ئوغۇل، قىز، تاغ، باغ، يايلاق

3 - كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى قۇردىن-قۇرغا كۆچۈرۈڭلار.

مەكتەپ، كىتاب، بالا، ئېلىپبە، قەلەم، مۇئەللىم

4 - كۆنۈكمە. ئۆزەڭلار 5 سۆز تۈزۈپ يېزىڭلار ۋە ئۇ سۆزلەرنىڭ ھەربىرى قانچە بوغۇمدىن تۈزۈلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

5 - كۆنۈكمە. 1) ئېلىپبە ناخشىسىنى ئېيتىشنى ئۆگىنىۋېلىڭلار.

2) 32 ھەرپنى رەتلىك، چىرايلىق قىلىپ يادقا يېزىشنى مەشق قىلىڭلار.





# 1. ئېلىپبەنى تۈگەتتىم

غۇنچەم مەكتەپتىن ناھايىتى خۇشال ھالدا قايتىپ كەلدى-دە، دادىسىغا:

- دادا، مەن ئېلىپبەنى تۈگەتتىم، - دېدى.

دادىسى خۇشال بولۇپ، غۇنچەمگە:

- ناھايىتى ياخشى بولۇپتۇ. ئۇنداق بولسا، قېنى ئوقۇپ بېقىڭا، قىزىم، - دېدى. غۇنچەم «ئېلىپبە» كىتابىدىكى بىرتېكىستنى قىلچە دۇدۇقلىماي، شارىلداپ ئوقۇپ بەردى. دادىسى:

- بارىكاللا، قىزىم، ياخشى ئۆگىنىپسىز، سىزنى تەبرىكلەيمەن، دېدى-دە، غۇنچەمنىڭ پېشانىسىدىن سۆيۈپ قوي-

دى ھەم «ئەمدى سىزگە تۆرلۈك ياخشى كىتابلارنى ئېلىپ بېرىمەن، تىرىشىپ ئوقۇڭ، چوڭ بولغاندا، ئالىم بولۇڭ، ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن ئىشلەڭ»، — دېدى.

غۇنچەم دادىسىغا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— دادا، مەن چوقۇم ئۈمىدىڭىزنى ئاقلايمەن، — دېدى.

كۆنۈكمە.

1. بۇ تېكىستنى ئۈنلۈك ئوقۇپ چىقىڭلار.

2. غۇنچەمگە دادىسى نېمە دېدى؟ غۇنچەم نېمە دەپ جاۋاب بەردى؟ سىلەر قانداق ئوقۇيسىلەر.

3. تېكىستنى سىنىپ دەپتىرىڭلارغا چىرايلىق كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.






## 2. بىزنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز

بىزنىڭ ۋەتىنىمىز — جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى، ۋەتىنىمىزنىڭ پايتەختى — بېيجىڭ. دۆلەت بايرىقىمىز بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق. بىرىنچى ئۆكتەبىر — دۆلەت بايرىمى.

بىز ۋەتىنىمىزنى سۆيىمىز، بېيجىڭنى سۆيىمىز، تيەنئەنمېننى سۆيىمىز. بىز ئانا يۇرتىمىز شىنجاڭنى سۆيىمىز. بىز ۋەتەننىڭ ئوغۇل - قىزلىرى. بىز ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن ئوقۇيمىز.

كۆنۈكمە.

بۇ تېكىستنى ئوقۇپ چىقىڭلار ۋە دەپتىرىڭلارغا چىرايلىق كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.



# 3. بىزنىڭ مەكتەپ

بىزنىڭ مەكتەپ بەك ياخشى. سىنىپلىرىمىز ئازادە ۋە يورۇق. پارتىلار رەت-رەت قىلىپ قاتار قويۇلغان. مۇئەللىم سىنىپقا كىرگەندە، ھەممىمىز ئورنىمىزدىن تىك تۇرۇپ سالام بېرىمىز.

مۇئەللىم دەرسنى ياخشى چۈشەندۈرىدۇ. مۇئەللىم بىزگە: «تىرىشىپ ياخشى ئوقۇڭلار، تاپشۇرۇقلارنى تولۇق ئىشلەڭلار، چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىڭلار، ھەممە يەردە تازىلىققا رىئايە قىلىڭلار، كىتاب-دەپتەرلىرىڭلارنى ئاسراپ، پاكىز، رەتلىك تۇتۇڭلار» دېدى. بىز مۇئەللىملەرنىڭ گېپىنى ئاڭلايمىز ۋە ئۇلارنى ھۆرمەت قىلىمىز.

كۆنۈكمە.

بۇ تېكىستنى تېز سۈرئەتتە ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.





# 4. ئوقۇيلى

كېلىڭلار دوستلار مەكتەپكە،
بىز تىرىشىپ ئوقۇيلى.
ئوقۇغاننى كۆڭۈلگە،
كەشتە قىلىپ توقۇيلى.

كۆنۈكمە.

بۇ قوشاقنى يادلىۋېلىڭلار ۋە چىرايلىق كۆچۈرۈپ يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

# 10-ئاساسىي مەشق

1-كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى رەسىملەرگە قاراپ، بېرىلگەن جۈملىلەردىكى بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭلار.



ئۆدەكنىڭ تۇمشۇقى ( ) بولىدۇ.



زىراپىنىڭ بويىنى ( ) بولىدۇ.



توخۇنىڭ تۇمشۇ-قى ( ) بولىدۇ.



مۈشۈكنىڭ كۆزى ( ) بولىدۇ.



پىلنىڭ بۇرنى ( ) بولىدۇ.



توشقاننىڭ قۇيرۇ-قى ( ) بولىدۇ.

كېرەكلىك سۆزلەر:

ئۇزۇن، قىسقا، يۇپيۇمىلاق، ئۇچلۇق، ياپىلاق



2-كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى رەسىمگە قاراپ، بېرىلگەن جۈملىلەردىكى بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭلار.



ئاسماندا ( )، ( )لار ئۇچۇۋاتىدۇ.

قورۇقلۇقتا ( )، ( )، ( )، ( )لار ياشايدۇ.

سۇدا ( )، ( )لار ئۈزۈۋاتىدۇ.

3-كۆنۈكمە. تۆۋەندە بېرىلگەن ھەربىر سۆز ئۈچۈن بىردىن جۈملە تۈزۈپ بېقىڭلار.

(1) مۇئەللىم (2) ۋەتەن (3) مەكتەپ (4) ئوقۇغۇچىلار.

ئۈلگە: مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارغا كۆيۈنىدۇ.

4-كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى رەسىمگە قاراپ، ئۇلارنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بېقىڭلار.







# 5.ئىتتىپاقلىق كۈچ

بىر، ئىككى، ئۈچ،
ئىتتىپاقلىق كۈچ.
چەيلەپ يانچىمىز،
دۈشمەن كەلسە دۈچ.

كۆنۈكمە.

بۇ شېئىرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار ۋە يادلىۋېلىڭلار.



# 6. ئىككى ئوغلاق

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، بۇرۇنقى زاماندا ئىككى ئوغلاق بولغانىكەن. ئۇلار بىر جايدا تۇغۇلۇپ، سەكرەپ-تاقلاپ ئىناق ياشايدىكەن. بىر كۈنى ئىككىسى تۇيۇقسىز ئىنچىكە تاختا كۆۋرۈكتە بىر-بىرىگە دۇچ كېلىپ قاپتۇ. قارا ئوغلاق ئاق ئوغلاققا: «ماڭا يول بەر!»، دەپتۇ. ئاق ئوغلاق: «ياق، سەن ماڭا يول بەر!»، دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى بىر-بىرىگە زادىلا يول بەرمەي ئۇسۇشۇپتۇ. تاقىشىپ-تاقىشىپ ئاخىرى ھەر ئىككىسى سۇغا تىك موللاق چۈشۈپتۇ.

كۆنۈكمە.

بۇ تېكىستنى ئوقۇڭلار ۋە ئۆز تىلىڭلارغا ئايلاندۇرۇپ سۆزلەپ بېرىڭلار.






# 7. چىك-چىك

چىك، چىك، چىك،
ئويغان بالىجان.
تەييارلىدى چاي،
ساڭا ئانىجان.

چىك، چىك، چىك،
مەكتەپكە يول ئال.
تىرىشىپ ئۆگەن،
ئۇستاز سۆزى بال.

كۆنۈكمە.

1. شېئىرنى ئوقۇڭلار ۋە يادلىۋېلىڭلار.
2. شېئىرنى يادقا يېزىڭلار.

# 8. رەسىمگە قاراپ سۆزلەش



كۆنۈكمە.

1. ئەسقەر ئورنىدىن ئەتىگەن سائەت قانچىدە تۇردى؟
2. ئەسقەر ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن، ئۆيدە قانداق ئىشلارنى قىلدى؟
3. ئەسقەر ئەتىگەن سائەت نەچچىدە مەكتەپكە ماڭدى؟



# 9. كىم توغرا قىلدى



يالقۇننىڭ دىلشات ۋە مۇختەر دېگەن ئىككى دوستى بارئىدى. ئۇلار ئۇچىلىسى بىر سىنىپتا ئوقۇيتتى.

بىركۈنى ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا ئەدەبىيات ۋە ھېساب دەرسلىرىدىن تاپشۇرۇق بەردى. يالقۇن ئەدەبىياتتىن بەرگەن تاپشۇرۇقنى ياخشى ئىشلىدى. بىراق ھېسابتىن بېرىلگەن ئۈچ مەسىلىدىن بىرنى ئىشلىيەلمىدى.

يالقۇن ئەتىسى ئەتىگەن مەكتەپكە بېرىپ، دىلشات بىلەن مۇختەرنى كۆرۈش بىلەنلا:

— مەن ھېسابتىن بېرىلگەن بىر مەسىلىنى ئىشلىيەلمىدىم — دېدى.

— مەن ئىشلەپ بولدۇم، مە، كۆچۈرۈۋال، — دېدى

دىلشات .

— يالقۇن، كۆچۈرۈۋالمىغىن . ئۇ مەسىلىنى مەن چۈشەندۇرۇپ قوياي . ئۆزەڭ ئىشلىگىن . — دېدى مۇختەر .

مۇختەرنىڭ چۈشەندۇرۇپ قويۇشى بىلەن يالقۇن ئۇ مەسىلىنى ئاخىر ئۆزى مۇستەقىل ئىشلەپ چىقتى .

كۆنۈكمە .

1 . تېكىستنى ئۈنلۈك ئوقۇپ چىقىڭلار .

2 . يالقۇنغا كىمنىڭ بەرگەن ياردىمى توغرا بولدى ؟ نېمە ئۈچۈن ؟





# 11-ئاساسىي مەشىق

1-كۆنۈكمە . تۆۋەندىكى ماقال-تەمسىللەرنى ئوقۇپ چىقىڭلار ۋە ھەربىر ماقال-تەمسىلدە نەچچە سۆز بارلىقىنى ئېيتىپ بېقىڭلار .

كۈچ بىرلىكتە ، ئىش ئۆملۈكتە .

تاما-تاما كۆل بولار .

بىلگەننى ئۆگەت ، بىلمىگەننى ئۆگەن .

ئالىم بولساڭ ،ئالەمنى بىلەرسەن .

2-كۆنۈكمە . تۆۋەندىكىلەرنىڭ نېمىلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار ۋە دەپتىرىڭلارغا يېزىڭلار .











## 10. لېنىننىڭ باللىق چاغلىرى

لېنىن كىچىك ۋاقتىدا ئەستايىدىل ئۆگىنىدىغان بىر بالا ئىدى.

لېنىن مەكتەپتە ھەممە دەرسنى ئەلا دەرىجىدە ئوقۇيتتى. مۇئەللىم دەرس سۆزلىگەندە، كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايتتى. ئوقۇتقۇچى بەرگەن تاپشۇرۇقلارنى ئەستايىدىل ئىشلەيتتى.

لېنىن مەكتەپتە دەرسلىرىنى پۇختا تەييارلاپ بولغاندىن كېيىن، دەرستىن سىرت يەنە كۆپلىگەن كىتابلارنى ئوقۇيتتى، كىتابلاردىن ئوقۇغان چۆچەكلەرنى باشقىلارغا ئېيتىپ بېرەتتى. ئۇ كىتابلاردىكى ئەمگەكچان ۋە قەھرىمان شەخسلەرنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇلارنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلاتتى.

لېنىن كىتابنى بەكمۇ ئاسرايتتى، ئۇ كىتابنى ھەرگىز پاسكىنا قىلمايتتى ۋە ئۇيەر-بۇيەرگە قالايمىقان تاشلىمايتتى.

لېنىن بالا ۋاقتىدا مانا شۇنداق ئۆگىنىدىغان ياخشى بالا ئىدى.

كۆنۈكمە.

بۇ تېكىستنى ئۈنلۈك ئوقۇڭلار ۋە لېنىننىڭ بالا ۋاقىتلىرىدا قانداق ئۆگىنىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېقىڭلار.





## 11. كۆۋرۈكتىن ئۆتكۈزۈش

لېي فېڭ كىچىك ۋاقتىدا مەكتەپكە بارغاندا ئۆتىدىغان بىر كىچىك كۆۋرۈك بار ئىدى.

بىر كۈنى لېي فېڭ بىرنەچچە كىچىك ساۋاقداشلىرى بىللە مەكتەپكە كېتىۋاتقاندا، قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى. ئۇلار كۆۋرۈكنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئۆستەڭ سۈيىنىڭ كۆۋرۈكتىن ھالقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. لېي فېڭ: «كېلىڭلار، مەن سىلەرنى ھاپاش قىلىپ ئۆتكۈزەي»، دېدى ۋە ئۇلارنى بىرمۇ بىر ھاپاش قىلىپ ئۆتكۈزدى. مەكتەپتىن قايتقاندا، ئۇ ساۋاقداشلىرىنى يەنە بىرمۇ بىر ھاپاش قىلىپ ئۆتكۈزدى.

كۆنۈكمە.

1. تېكىستنى پىششىق ئوقۇپ چىقىڭلار.
2. قاتتىق يامغۇر يېغىۋاتقاندا، لېي فېڭ ساۋاقداشلى-

ـرنىڭ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشىگە قانداق ياردەم قىلدى؟

3. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى چىرايلىق كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

1) مەكتەپكە بارغاندا، ئۇلار مۇشۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتەتتى.

2) مەكتەپتىن ئۆيگە قايتقاندىمۇ ئۇلار يەنە مۇشۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتەتتى.

# 12. بىز ئەمگەكنى سۆيىمىز



بىز بىرىنچى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى. بىز تىرىشىپ ياخشى ئوقۇيمىز. بىز ئەمگەكنى قىزغىن سۆيىمىز. ئەمگەك قىلىش شەرەپلىك، ھورۇنلۇق نومۇس ئىش. ئەمگەك سۆيگەن ياخشى بالا، ئەمگەك سۆيمىگەن ھورۇنلار ياخشى بالا ئەمەس. بىز ھورۇن بولمايمىز، مەڭگۈ ئەمگەكچان بولىمىز.

كۆنۈكمە. بۇ تېكستنى چىرايلىق قىلىپ كۆچۈرۈپ چىقىڭلار.



# 12. ئاساسىي مەشىق



## دوستلار

ھەرخىل بىزنىڭ تىلىمىز،
بىر نىيەتتە سۆزلەيمىز.
ساپ ۋە جۇشقۇن دىلىمىز،
بىر نىشاننى كۆزلەيمىز.

ئىناق دوستلار ھەممىمىز،
شاد ياشايمىز ۋەتەندە.
كىمكى بۇزسا دوستلۇقنى،
بولار ئۆزى نىشەرمەندە.

1- كۆنۈكمە. بۇ شېئىرنى يادلىۋېلىڭلار.

2. كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى رەسىمگە قاراپ، ئۇلارنىڭ نېمىلەرئىكەن-
لىكىنى ئېيتىپ بېقىڭلار ۋە ئۇلارنىڭ نامىنى سۈرەتتىكى تەرتىپ بو-
يىچە دەپتىرىڭلارغا چىرايلىق قىلىپ يېزىڭلار.



كېرەكلىك سۆزلەر: 1. شىر، 2. يولۋاس، 3. تۇز،
4. مۆشۈكياپىلاق، 5. بۈركۈت، 6. ئالا قاغا، 7. كىرپە،
8. تۈلكە، 9. تۇرنا، 10. تىيىن، 11. زىراپە،
12. ئاققۇ، 13. قارلىغاچ.





# 13. ئەلگە كېرەكلىك ئەۋلاد بولىمىز

مېھرىنى تۆكۈپ،
بېرىپ كۆپ بىلىم،
ساۋاتلىق قىلدى،
بىزنى مۇئەللىم.
ئەلگە كېرەكلىك،
ئەۋلاد بولىمىز.
تىرىشىپ ئەلا،
ئوقۇپ ھەردائىم.

كۆنۈكمە.
بۇ شېئىرنى يادلىۋېلىڭلار.

# 14. رەسىمگە قاراپ سۆزلەش



1-كۆنۈكمە.

يۇقىرىدىكى رەسىمدىكى كىشىلەر نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ سى-
لەر چوڭ بولغاندا نېمە ئىش قىلىسىلەر؟ سۆزلەپ بېقىڭلار.



2-كۆنۈكمە.

يۇقىرىدىكى رەسىمگە قاراپ، بۇ ئىككى قىزنىڭ كىيگەن
كىيىملىرىدە قانداق ئوخشىماسلىق بارلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.





# 15. ئىناق ئائىلە

مېنىڭ دادام ئىشچى، ئاپام ئوقۇتقۇچى، مېنىڭ ئىككى ئاكام،
ئىككى هەدەم بار. چوڭ ئاكام قاسىم ئالىي مەكتەپنى تۈگىتىپ،
خىزمەتكە چىقتى. چوڭ هەدەم دىلبەر بېيجىڭ مىللەتلەر ئى-
نىستىتۇتىدا ئوقۇيدۇ. ئىككىنچى ئاكام قادىر 10-سىنىپتا ئو-
قۇيدۇ. هەدەم دىلنۇر 5-سىنىپتا ئوقۇيدۇ. مەن بۇيىل 1-سى-
نىپقا كىردىم. ئاتا-ئانىمىز بىزنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدۇ، بىزگە
كۆيۈنىدۇ. بىزمۇ ئاتا-ئانىمىزنى بەك ياخشى كۆرىمىز. هەر كۈنى
ئەتىگەندە ئۇلارغا سالام بېرىمىز. ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلايمىز.
مەن ئاتا-ئانامنى ۋە ئاكا-هەدىلىرىمنى هۆرمەت قىلىمەن. بىز-
نىڭ ئائىلىمىز بەكمۇ ياخشى ئىناق ئائىلە.

كۆنۈكمە. يۇقىرىدىكى تېكىستنى پىششىق ئوقۇپ چىقىڭلار
ۋە كۆچۈرۈپ چىرايلىق يېزىڭلار.

## 16. باھار



مارت ئېيى كەلدى. تۈنلەر قىسقىرىپ، كۈنلەر ئۇزىرىشقا
ۋەھاۋا ئىسسىپ، قارلار ئېرىشكە باشلىدى. ئېرىق-ئۆستەڭلەر،
سايلار سۇغا تولدى. قارنىڭ ئورنىغا يامغۇر يېغىشقا باشلىدى.
كۈنگەي يەرلەردىكى قارلار تۈگەپ، كۆپكۆك ئوتلار ئۈنۈپ چىق-
تى. دەرەخ شاخلىرى كۈندىن-كۈنگە يوغىناشقا باشلىدى.

ئېرىق بويلىرىدا ياپۇزلار ئۈنۈپ چىقتى. بېدىلەر كۆكىرىش-
كە باشلىدى، مامكاپلار ئېچىلدى. توپ-توپ قۇشلار ئىس-



سىق ياقلاردىن ئۇچۇپ كېلىشكە باشلىدى. ئاسماندا تۇرنىلار
قاتار-قاتار تىزىلىشىپ ئۇچۇپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

ئاپرېل كۈنلىرى كەلدى. قارلار ئېرىپ تۈگىدى. يەر-جاھان
كۆپكۆك مايسىلار بىلەن پۈركەندى. دەرەخلەر يوپۇرماق چى-
قىرىپ، ياپيېشىل تۈسكە كىردى. دېھقانلار ئەتىيازلىق تېرىل-
غۇ ئىشلىرىغا جىددىي كىرىشتى. ئېتىزلاردا ئىش قايناپ كەتتى. باغ-
لاردا ئالما، ئۆرۈك لەرچېچەكلىدى. ئىللىق باھار شامىلى گۈرۈلدەپ
ئۇرماقتا. ئەتراپتىن ھەرخىل قۇشلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازلىرى ئاڭ-
لانماقتا.

تېپىشماق:
كۈنلەر ئىسسىپ، قار ئېرىپ،
سۇ سايلارغا تولغان چاغ.
ئېيتىپ بەرگىن، جان دوستۇم،
بىلسەڭ مۇشۇ قايسى چاغ؟
كۆنۈكمە.
1. تېكىستنى ئۈنلۈك ئوقۇپ چىقىڭلار.
2. مارت ئېيى كېلىش بىلەن تەبىئەتتە قانداق ئۆز-
گىرىشلەر بولىدۇ؟ سۆزلەپ بېقىڭلار.
3. ئاپرېل كۈنلىرى كەلگەندە، تەبىئەتتە قانداق ئۆزگ-

-رىشلەر بولىدۇ؟ بۇنىڭ ئالامىتى قايسىلار؟

4. تۆۋەندىكى جۈملىلەر ئارىلىقىدىكى كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا تېگىشلىك سۆزلەرنى قويۇپ جۈملىلەرنى تولدۇرۇپ كۆچۈرۈڭلار.

ئاپرېل كۈنلىرى ...... ئېرىپ تۈگىدى. يەر-جاھان ...... بىلەن پۈركەندى. دەرەخلەر يوپۇرماق چىقىرىپ ...... تۈسكە كىردى. دېھقانلار ئەتىيازلىق ... ... كىرىشمەكتە. ئېتىزلاردا ئىش ...... كەتتى. باغلاردا ...... چېچەكلىدى. ئەتراپتىن ھەرخىل قۇشلارنىڭ ...... ئاڭلانماقتا.

5. تېكىستنىڭ ئاخىرىدىكى تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى ئېيتىپ بېقىڭلار.





## 17. ئوينايلى بىز تەنھەرىكەت

سەھەر تۇرۇپ ھەر كۈنى،
قاتار بولۇپ رەتمۇ رەت،
ئەتىگەن ساپ ھاۋادا،
ئوينايلى بىز تەنھەرىكەت.

غولاچ كېرىسەك، ئېگىلسەك،
بەزەن يۈگۈرۈپ چېنىقساق،
ساغلام بولۇپ تېنىمىز،
ئۆمرىمىز بولار ئۇزاق.

كۆنۈكمە.

بۇ شېئىرنى يادلىۋېلىڭلار.

# 13-ئاساسىي مەشق



## ئىناق توشقانلار

ئورماندا بىر تۈلكە بارئىدى. ئۇ توشقانلارغا زادىلا ئارام-
چىلىق بەرمەيدى. بىر قېرى توشقان توشقانلارنى ئەتراپىغا
يىغىپ: «قېرىنداشلار، بىزكۆپ. تۈلكە يالغۇز. شۇڭا ھەممى-
مىز بىرلىشىپ، تۈلكىنى قورقۇتۇپ، ئورماندىن قوغلىۋېتەيلى»
دېدى. ئۇلار ئورمان ئىچىگە مۆكۈنۈپ تۇرۇپ، تۈلكە كەلگەن-
دە، ھەممىسى بىرلا ۋاقىتتا: «يوقال بۇيەردىن!»، دەپ ۋارقى-
راشتى. تۈلكە قورققىنىدىن ئۆز-ئۆزىگە: «ۋايجان، بۇيەردە
بىر يىرتقۇچ ھايۋان بارئوخشايدۇ، ئۇ مېنى يېمەكچىمۇ-نېمە؟
يا ئاللا، ئۇنىڭ ئاۋازى نېمە دېگەن قورقۇنچلۇق-ھە؟!»



دېدى-دە، بۇيەردىن قېچىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن تۈل-
كە بۇ ئورمانغا ئاياغ باسماس بولدى.

1-كۆنۈكمە. بۇ تېكىستنى پىششىق ئوقۇپ چىقىڭلار ۋە
قايتا-قايتا بايان قىلىپ بېرىڭلار.

2-كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى رەسىمگە قاراپ، بېرىلگەن جۈمى-
لىلەردىكى بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇپ، جۈملىلەرنى كۆچۈ-
رۈپ يېزىڭلار.



1. ئاسماندا(      ) قاتار تىزىلىپ ئۇچۇپ كېتىۋاتىدۇ.
2. دەرەختىن(      ) يەرگە چۈشۈۋاتىدۇ.
3. ئوقۇغۇچىلار يەرگە چۈشكەن(      ) سۈپۈرۈۋاتىدۇ.

كېرەكلىك سۆزلەر: غازاڭلار، تۇرنىلار، غازاڭلارنى.



# 18. سادىر پالۋان قوشاقلىرى

سادىر مەنۇ - سادىر مەن،
سادىر بولماي نېمە مەن.
تاغ يولىنى سورىساڭ،
ھەممە جايىنى بىلىمەن.

سادىر دەپ ئېتىم يامان،
ئون بەش ياشتا ئاتالغان.
دەسلەپكى تۇتۇلغاندا،
قۇمۇلخانغا پالانغان.

يامۇلدا تولا يېتىپ،
چېچىم بىر قۇچاق بولدى.
يامۇلنى تېشەرچاغدا،
قوۋۇرغا پىچاق بولدى.

يامۇلنىڭ ياغاچلارى،
ئېگىز قارىغاي چەنزە.
يامۇلنى تېشىپ چىققان،
سادىر ئۆزى خوخەنزە.

ئات مىندىم كۆرەڭ قاشقا،
چاپتۇردۇم شىغىل تاشقا.
چېرىك ئاتىدۇ تاشقا،
سادىر ئاتىدۇ باشقا.

كۆنۈكمە.

بۇ قوشاقنى چىرايلىق كۆچۈرۈپ يېزىڭلار ۋە پۇختا يادلىۋېلىڭلار.





# 19. ھورون

بىر ھورون ئادەمدىن نەسىردىن ئەپەندىم سوراپتۇ.

— بۇرادەر، ھال — ئەھۋالىڭىز قانداق؟

— يامان ئەمەس، — دەپتۇ ھورون، — تاپسام يەيمەن، تاپالمىسام، قانائەت قىلىپ يۈرۈۋېرىمەن.

— ئەمىسە سىز شەھىرىمىزنىڭ ئىتلىرىغا ئوخشاپ قېلىپسىز! — دەپتۇ ئەپەندىم.

كۆنۈكمە: 1. يۇقىرىدىكى لەتىپىنى پىششىق ئوقۇپ چىقىڭلار، ئۇنىڭدا ھورونلۇقنىڭ بەكمۇ يامان ئىش ئىكەنلىكى قانداق بايان قىلىنغان؟ سۆزلەپ بېقىڭلار.

2. بۇ لەتىپىنى كۆچۈرۈپ، چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

# 20. بۇ نېمە ؟







بۇ نېمە ؟ بۇ ـ يىڭناغۇچ .
بۇ نېمە ؟ بۇ ـ ئايروپىلان .
ئايروپىلان ھەم ئېگىز، ھەم تېز ئۇچىدۇ .
يىڭناغۇچ ھەم تۆۋەن، ھەم ئاستا ئۇچىدۇ .

كۆنۈكمە .

ئايروپىلان بىلەن يىڭناغۇچنى سېلىشتۇرۇڭلار .
ئۇلارنىڭ ئوخشاشلىقى ۋە پەرقىنى سۆزلەپ بېقىڭلار .



## 21. ئاي بولدى كىچىك كېمەم

ئورغاق ئايغا ئولتۇردۇم،
ئاي بولدى كىچىك كېمەم.
كۆردۈم سانسىز يۇلتۇزنى،
كۆك ئارا كېزىپ ھەردەم.

كۆنۈكمە.

يۇقىرىدىكى رەسىمگە دىققەت بىلەن سەپسېلىڭلار، ئاندىن شېئىرنى ئوقۇڭلار. ئاي نېمىگە ئوخشايدۇ؟ بالا ئايغا ئولتۇرۇپ كۆك ئاسماندا نېمىلەرنى كۆردى؟ سۆزلەپ بېقىڭلار.



## 22. يۇلتۇزلارغا قونىمەن

ئاسماندىكى پولات قۇش،
ئويناپ-ئويناپ ئۇچسەن.
قايىل قىلىپ ھەممىنى،
ھەردەم زەپەر قۇچسەن.

ئۇزاق يەرلەرسەن بىلەن.
بىزلەر ئۇچۇن بىر قەدەم.
سېنى شۇنداق ئۇچۇرغان،
قۇدرەتلىك، باتۇر ئادەم.

مەنمۇ ئوقۇپ چوڭ بولۇپ،
باتۇر لاچىن بولىمەن.
پەن-تېخنىكا قانىتىم،
يۇلتۇزلارغا قونىمەن.

كۆنۈكمە.

1. شېئىرنى ئۈنلۈك ۋە راۋان ئوقۇشنى مەشق قىلىڭلار.
2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.
قايىل قىلىش، زەپەر قۇچۇش، قۇدرەتلىك، پولات قۇش، لاچىن.
3. بۇ شېئىرنى يادلىۋېلىڭلار.



# 23. قاغا بىلەن سېغىزخان

(مەسەل)

بىركۈنى قاغا سېغىزخان بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇ-زىچە ماختاندى:

– مەن ئاجايىپ بىر قۇشمەن. يەردە بايۋەچچىلەردەك ما-ڭىمەن. ئاسماندا پەرۋاز قىلىپ ئۇچىمەن. قاقىلداپ چىرايلىق ناخشا ئېيتالايمەن.

شۇچاغدا سېغىزخان مۇنداق سوئال قويدى:

– قۇشلار شاھى قىراننى بىلەمسەن؟

– بىلمەن.

– ئۇنىڭ قىياغا قاراپ ئۇچقانلىقىنى كۆرگەنمىدىڭ؟



– كۆرگەنىدىم.

– ئۇنىڭ ماختانغانلىقىنى ئاڭلىغانمىدىڭ؟

– ئاڭلىمىغان.

– كۈيچى قۇش بۇلبۇلنى بىلەمسەن؟

– بىلمەن.

– ئۇنىڭ يېقىملىق سايراشلىرىنى ئاڭلىغانمىدىڭ؟

– ئاڭلىغانمەن.

– ئۇنىڭ ماختانغانلىقىنى كۆرگەنمىدىڭ؟

– ياق.

– قىران بۈركۈتتەك ئالغۇر، بۇلبۇلدەك كۈيچى ماختان-مايدۇ، سەن نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا ماختىنىسەن؟!

بۇگەپلەرنى ئاڭلىغان قاغا سېغىزخانغا جاۋاب بېرەل-مەي، خىجىل بولغان ھالدا ئۇچۇپ كەتتى.

كۆنۈكمە.

يۇقىرىدىكى مەسەلنى پىششىق ئوقۇپ چىقىپ، قايتا بايان قىلىپ بېرىڭلار.

# 14-ئاساسىي مەشىق

1-كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى رەسىملەرنىڭ نامىنى تىرناق ئىچىگە يېزىڭلار ۋە بېرىلگەن جۈملىلەرنى ئوقۇپ چۈشىنىۋېلىڭلار.

  

(　　) (　　) (　　)

قۇياش يەرشارىدىن چوڭ. يەرشارى ئايدىن چوڭ.

  

(　　) (　　) (　　)

پويىز ماشىنىدىن تېز ماڭىدۇ. ماشىنا ئات هارۋىسىدىن تېز ماڭىدۇ.

2-كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى قوي بىلەن ئۆچكىنى سېلىشتۇرۇڭلار. ئۇلار قايسى جەهەتتىن بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ؟ رەتلىك سۆزلەپ بېرىڭلار.

 



3-كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى رەسىمگە قاراپ، تۆت پەسىلنىڭ بىر-بىرىدىن قانداق پەرقلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېقىڭلار.

 

 

4-كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار، كۆچۈرۈپ يېزىڭلار ۋە يادلىۋېلىڭلار.

بىر يىل 366 كۈن، 12 ئاي، تۆت پەسىل بولىدۇ. بىر پەسىل ئۈچ ئاي بولىدۇ، بىر ئاي 30 ياكى 31 كۈن بولىدۇ، بىر ئاي تۆت هەپتە بولىدۇ، بىر هەپتە 7 كۈن بولىدۇ.

# 24. رۇخسەت سوراش خېتى

رۇخسەت سوراش خېتى

رۇخسەت سوراش خېتىگە ئالدى بىلەن كىمدىن رۇخسەت سورايدىغانلىقى، نېمە ئۈچۈن ۋە قانچىلىك ۋاقىت رۇخسەت سورايدىغانلىقى يېزىلىشى كېرەك. ئاخىرىدا رۇخسەت سورىغۇچىنىڭ ئىسىم-فامىلىسى ۋە ئاي، كۈنلىرىنىڭ يېزىلىشى لازىم.

ئۈلگە:

رۇخسەت سوراش خېتى

ھۆرمەتلىك خاسىيەت مۇئەللىمگە:

ئاپام تۇيۇقسىز قاتتىق ئاغرىپ قالدى. دادام ئاپامنى دوختۇرغا ئېلىپ بارماقچى. ئۆيدىكى ئىككى ياشلىق كىچىك ئۇكامغا مەندىن باشقا قاراپ تۇرغۇدەك ئادەم يوق. شۇڭا ماڭا بىر كۈن رۇخسەت بېرىشىڭىزنى سورايمەن.

ھۆرمەت بىلەن: ئوقۇغۇچىڭىز گۈلبوستان.

1989-يىل 9-ئاينىڭ 20-كۈنى





# 25. چامغۇر يۇلۇش

بىر بوۋاي چامغۇر تېرىپتۇ ۋە چامغۇرلىرىم راسا چوڭ بولسۇن دەپ، تەر تۆكۈپ ئىشلەپتۇ. چامغۇرلار ھەقىقەتەن تازا چوڭ بولۇپ ئۆسۈپتۇ.

كۈز بولغاندا، بوۋاي چامغۇرلىرىنى يۇلۇپ ئالماقچى بولۇپ تارتىپ بېقىپتۇ، لېكىن يۇلۇشقا كۈچى يەتمەپتۇ. بوۋاي موماينى چاقىرىپتۇ. بوۋاي چامغۇرنى تارتىپتۇ، موماي بوۋاينى تارتىپتۇ. لېكىن چامغۇرنى يەنىلا يۇلۇپ ئالالماپتۇ. شۇڭا موماي نەۋرىسىنى چاقىرىپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىپتۇ؟

كۆنۈكمە.

بۇ تېكىستتە قانداق ئوي-پىكىر ئالغا سۈرۈلگەن؟ قېنى كىم سۆزلەپ باقىدۇ.



## 26. ئۈرۈمچى

ئۈرۈمچى — مەملىكىتىمىزدىكى چوڭ شەھەرلەرنىڭ بىرى. ئۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى. شۇنىڭدەك شىنجاڭنىڭ مائارىپ، مەدەنىيەت، ئىلىم-پەن مەركىزى. ئۈرۈمچى گۈزەل شەھەر بولۇپ، ئۇنىڭدا كۆپ قەۋەتلىك بىنالار نۇرغۇن. ئۇنىڭ كەڭ كوچىلىرىدا ھەرخىل ماشىنىلار قاتناپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ خەلق باغچىلىرىمۇ بەك چىرايلىق. بۇ شەھەردە ھەر مىللەت بالىلىرى ئىناق ۋە خۇشال-خۇرام ياشايدۇ.

بىز شەھىرىمىزنى قىزغىن سۆيىمىز ۋە گۈللەندۈرىمىز.

كۆنۈكمە.

بۇ تېكىستنى ئۈنلۈك ئوقۇڭلار ۋە چىرايلىق كۆچۈرۈپ يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.











## 27. كۈندىن-كۈنگە ئۆرلەيمىز

يەتتە ياشقا كىرسەممۇ،
دەيدۇ خەقلەر «بالىسەن»،
بىرىنچىنى تۈگىتىپ،
كۆپلەپ بىلىم ئالدىممەن.
ئوقالايمەن ھېكايە،
قولغا ئېلىپ كىتابنى.
چىقىرىمەن سىنىساڭ،
خېلى قىيىن ھېسابنى.
ھەركۈنى ئويناپ تەنھەرىكەت،
چېنىقىمەن ھەرقاچان.
قىزغىن سۆيۈپ ئەمگەكنى،
بولىمەن ھامان ئىشچان.
ئىككىنچىگە كۆچتۈممەن،
رەھمەت سىزگە مۇئەللىم.
كۈندىن-كۈنگە ئۆرلەيمەن،
تىرىشىپ ئوقۇپ دائىم.

كۆنۈكمە. يۇقىرىدىكى شېئىرنى ئوقۇپ، بىرىلىدىن بۇيان قانداق ئالغا باسقانلىقىڭلارنى سۆزلەپ بېرىڭلار.

# ئومۇمىي تەكرار



1-كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى تېكىستنى توغرا ۋە تېز ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.

## بىزنىڭ ۋەتىنىمىز

بىزنىڭ ۋەتىنىمىز — جۇڭگو. ۋەتىنىمىزنىڭ زېمىنى ناھايىتى كەڭ. بىزنىڭ ئاتا — بوۋىلىرىمىز ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان موشۇ گۈزەل، باي ماكاندا ئەمگەك قىلىپ ياشاپ كەلگەن. بىز ۋەتىنىمىزنىڭ بەختلىك ئوغۇل - قىزلىرى. بىز ۋەتىنىمىزنى قىزغىن سۆيىمىز. بىز تىرىشىپ ئوقۇپ، ۋەتىنىمىزنى تېخىمۇ ئاۋات، تېخىمۇ باي ۋە كۈچلۈك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۆرەش قىلىمىز.





2-كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى تېكىستنى ئوقۇپ چىقىڭلار ۋە چىرايلىق يېزىڭلار.

## باغ

يېزىمىزنىڭ بېغىدا ئالما، ئانار، ئۆرۈك، نەشپۈت، گىلاس، ياڭاق قاتارلىق ھەر خىل مېۋىلەر بار. بىز بالىلار مېۋە پىشقاندا، بۇ باققا كىرىپ، مېۋىلەرنى ئۈزۈشكە ۋە يەشىكلەرگە قاچىلاشقا خالىسانە ياردەم قىلدۇق. باغۋەن ئاتا: «سىلەر ئەمگەكچان ياخشى بالىلار ئىكەنسىلەر، سىلەرگە رەھمەت»، دېدى.

3 - كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى رەسىملەرگە قاراپ، ئۇلارنىڭ نى-
مىلەرنىڭ رەسىمى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.



خو...



ئۆ...



غـ...



قار...



قۇشـ...



قار...



قو...



ئۆ...



...ره





...كه



...غۇن



...زه



...مۇن



تا...



يول...



...يۇ



...قان



به...



4-كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى تېكىستنى ئوقۇپ چىقىڭلار ۋە چىرايلىق يېزىڭلار.

# تۇرپان ۋادىسى

تۇرپان ــ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ گۈزەل ۋادىلىرىدىن بىرى. تۇرپان ــ ئۈزۈمنىڭ كانى. تۇرپان ئۈزۈمى بەكمۇ شېرىن بولۇپ، پۈتۈن مەملىكىتىمىزگە ۋە دۇنياغا داڭلىق. تۇرپاندا يەنە پاختا تېرىلىدۇ. تۇرپان پاختىسىمۇ بەك داڭلىق. تۇرپان ناھايىتى قەدىمي، گۈزەل شەھەر بولۇپ، بۇ جايدا قەدىمكى ئاسارە-ئەتىقىلەر كۆپ. شۇڭا ھەر يىلى بۇ يەرگە ئىچكى ئۆلكىلەردىن ۋە چەتئەللەردىن مىڭلىغان مېھمانلار كېلىپ ئېكىسكۇرسىيە قىلىپ تۇرىدۇ.





5-كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى تېكىستنى ئوقۇپ چىقىڭلار ۋە قايتىدىن سۆزلەپ بېرىڭلار.

ئادىلجان بۇ يىل يەتتە ياشقا كىردى. ئۇ بىرىنچى سىنىپتا ئەلاچى بولۇپ ئوقۇۋاتىدۇ. ئۇ ئورنىدىن ئەتىگەن تۇرىدۇ، مەكتەپكە زادىلا كېچىكمەيدۇ. ئۇ ھازىر «ئېلىپبە»نى دۇدۇقلىماي، راۋان ئوقۇيالايدىغان بولدى. ئۇ مۇئەللىملىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلايدۇ، چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىدۇ. ساۋاقداشلىرى بىلەن ئىناق ئۆتىدۇ. ھەر كۈنى مەكتەپكە ماڭغاندا، خوش ئاپا، مەن مەكتەپكە ماڭدىم، دەيدۇ. چوڭلارنى كۆرگەندە، دائىم ئەسسالامۇئەلەيكۇم، دەپ سالام بېرىدۇ. شۇڭا ھەممە كىشى ئۇنى: «ئادىلجان بەكمۇ ئەدەپلىك ياخشى بالا بولدى» دەپ ماختايدۇ.



6 ـ كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى بالىلار ئويۇننى ئوقۇپ چىقىپ، سىلەرمۇ تە-
نەپپۇس ۋاقتىدا بۇ ئويۇننى ئويناڭلار.

## ياغلىق تاشلاش

بالىلار دۈگلەك بولۇپ ئالدىغا قاراپ ئولتۇرۇشىدۇ. ئارىدىن بىرى تۇرۇپ، بىر ياغلىقنى ئارقىسىغا تۇتۇپ، دۈگلەكنى ئايلىنىدۇ-دە، ياغلىقنى ئۆزى خالىغان بىر بالىنىڭ كەينىگە تاشلايدۇ. ئۇ يەنە بىر ئايلىنىپ كەلگىچە ھېلىقى بالا تۇيۇپ قالسا، ياغلىقنى ئېلىپ، دۈگلەكنى ئايلىنىپ يۈگۈرۈپ ئويۇننى داۋاملاشتۇرىدۇ.

ئەگەر ئارقىسىغا ياغلىق تاشلانغان بالا تۇيماي قالسا، ياغلىق تاشلىغان بالا ئايلىنىپ كېلىپ، ياغلىق بىلەن ھېلىقى بالىنى ئۇرۇپ، دۈگلەكنى بىر نەچچە ئايلاندۇرىدۇ. ئاندىن ئارقىسىغا ياغلىق تاشلانغانلىقىنى تۇيماي قالغان بالا ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، يا ناخشا ئېيتىپ بېرىدۇ، يا ئۇسسۇل ئويناپ بېرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئويۇن يەنە يۇقىرىقىدەك داۋاملاشتۇرۇلىدۇ.





7 ـ كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى يۇمۇرنى ئوقۇڭلار ۋە كۆچۈرۈپ چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

## ئۇلار نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟

ئەزەلدىن توپ كۆرۈپ باقمىغان بىر كىشى ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى بولۇۋاتقان مەيدانغا كىرىپ قاپتۇ ۋە تاماشىبىندىن سوراپتۇ:

— ئۇلار نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟

— توپ ئويناۋاتىدۇ.

— ھەي، ئون ئادەم بىر توپنى تالىشىپ ئاۋارە بولغىچە، بىر ئادەم بىردىن ئويىنىسا بولمامدۇ؟

8-كۆنۈكمە. تۆۋەندىكى تېكىستنى ئوقۇپ چىقىڭلار
ۋە زىراپىنىڭ قانداق ھايۋان ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىڭلار.
زىراپە — ئىسسىق مەملىكەتلەردە ياشايدىغان
ھايۋان. ئۇنىڭ بويى ئىككى-
ئۈچ مېتىر كېلىدۇ. بوينى بىر مې-
تىردىن ئۇزۇنراق بولىدۇ. پۇت-
لىرىمۇ ئۇزۇن بولۇپ، تېز يۈگۈ-
رەيدۇ. زىراپە ئوت-چۆپ ۋە
دەرەخلەرنىڭ شاخ-يوپۇرماق-
لىرى بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.



封面设计：依 明·阿 斯 力
文字书写：阿迪力江·阿依提
美术编辑：古 丽 叶

六年制小学语文课本
（试用本）
**识字课本**
全一册
（维吾尔文）
新疆维吾尔自治区教委教材临时审定委员会审定

**编者：阿不都沙拉木托乎提**
**责任编辑：阿合甫克尤木**

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
*
فورماتى: 880×1230 1/32 باسما تاۋاق: 4
1991 - يىل 6 - ئاي 2 - نەشرى
1999 - يىل 6 - ئاي 9 - بېسىلىشى
تىراژى: 200.001 — 299.000
ISBN 7 — 5370 — 1426 — 4
G·471(维课) باھاسى: 4.80 يۈەن